3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق، بەخت دەپ بىلىدىغان ئادەم

—— كۆپچىلىكنىڭ نەزەرىدىكى لاچىن بايەكە ②

□ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لىۋ شياڭ

«تاك، تاك، تاك...» 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت 21دە، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى تىزناپ يېزىسى تىزناپ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى شاۋۇزباھار تۈيىچنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى يەنە بىر قېتىم چېكىلدى.

«موما، سىزنى يوقلاپ كەلدىم.» چېگرا قوغدىغۇچى مەفتۇل كەنجە كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ چاقىردى.

«تېز كىرگىن، سىرت سوغۇق» دېدى شاۋۇزباھار تۈيىچ ئىشىكنى ئېچىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە.

شاۋۇزباھار تۈيىچ بۇ يىل 72 ياشتا بولۇپ، پەرزەنتى بولمىغاچقا، ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىزچىل يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدى. 2015 - يىلىدىن بۇيان، شۇ كەنتتىكى لاچىن بايەكە بۇ مومايىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالغانىدى.

«ئۇ قىزغىن، ياخشى بالا ئىدى ھەم ئەستايىدىل ئىدى، ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە، يەيدىغان، ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنىڭ كەملىكىنى كۆرسىلا، ۋاقتىدا ئەكېلىپ بېرەتتى، مەن ئۇنىڭغا يالغۇز جېنىمغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ بولالمايمەن دېسەممۇ، ئۇ ئاڭلىمايتتى.» ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ شاۋۇزباھار تۈيىچنىڭ كۆز ياشلىرى ئىختىيارسىز تۆكۈلدى، «ئۇ خۇددى ئۆزۈمنىڭ ئوغلىدەك دائىم ماڭا ھەمراھ بولۇپ مۇڭدىشاتتى، كەنتنىڭ ئىشلىرى، چېگرانى قوغداش جەريانىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى».

بۇلتۇر 10 - ئايدا، لاچىن بايەكە قەشقەر داشۆسىگە بېرىپ تەربىيەلىنىشكە قاتناشتى، ئۆگىنىش، تۇرمۇش جىددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا مومايىنىڭ غېمىنى يەيتتى.

«ئىنىم، بۇ ئىككى كۈندە ۋاقتىڭ بولسا مەن دائىم بارىدىغان ھېلىقى ئائىلىگە بېرىپ مومايىنى يوقلاپ قويغىن، ئۇنىڭغا تەربىيەلەش تۈگىسىلا ئۇنى يوقلاپ بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قوي.» بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، مەفتۇل كەنجە كىچىكىدىن تارتىپ بىللە چوڭ بولغان لاچىن بايەكەنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋالدى — بۇ ئۇنىڭ ئاشۇ يېقىملىق ھەم تونۇش ئاۋازىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاڭلىشى بولۇپ قالدى.

لاچىن بايەكە مۇزلۇق كۆلدە ئادەم قۇتقۇزۇش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغاندىن كېيىن، مەفتۇل كەنجە ھەر كۈنى دېگۈدەك مومايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى يوقلاپ تۇردى.

«بۇ ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ماڭا تاپشۇرغان ئەڭ ئاخىرقى ئىشى، مەن چوقۇم ئۇنىڭ ئورنىدا بۇ ئارزۇنى ئورۇندايمەن.» مەفتۇل كەنجە مۇنداق دېدى: «مەنلا ئەمەس، كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلار ھەممىمىز ئۇنىڭ ‹قىزغىنلىقى›نى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىمىز دېيىشتۇق».

لاچىن بايەكەدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان كۈنلەردە، ناشىرجان تاشكەندىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ئىسمىنى دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى.

ئۇ قىش پەسلىنىڭ بىر كۈنىدىكى يېرىم كېچە ئىدى، ناشىرجان تاشكەندىنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلى جىددىي قوزغىلىپ قالدى، ئەمما ناشىرجان تاشكەندى دالىدا قوتاز ئىزدەۋاتقان بولۇپ، ۋاقتىدا قايتىپ بېرىشقا ئامالسىز ئىدى. ئانىسىنىڭ ئۆيدە قىينىلىۋاتقانلىقىنى، تۇرىدىغان كىگىز ئۆيىنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى دوختۇرخانىدىن 27 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ناشىرجان تاشكەندىدەك قاۋۇل ئەرمۇ تىت - تىت بولۇپ كۆز يېشى قىلدى.

ئۇ تەبىئىيلا لاچىن بايەكەگە تېلېفون قىلدى. «جىددىيلەشمەڭ، مەن ئامال قىلاي!» سەھەر سائەت 2دە، لاچىن بايەكە بىر ئاپتوموبىل تېپىپ كېلىپ، كېچىلەپ مومايىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى.

«شۇنچە كەچتە، ئۇنىڭ قانچىلىك جايلار بىلەن ئاپتوموبىل ئالاقىلەشكىنىنى بىلمەيمەن.» شۇ كېچىنى ئەسلىگەندە، ناشىرجان تاشكەندىنىڭ ئانىسى ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، «ئۇ مېنى قۇتقۇزۇپ قالغان».

پامىر ئېگىزلىكىدىكى لاچىن بايەكەنىڭ قەدىمى ئۇزۇن چېگرا لىنىيەسىنى تولۇق كېزىپ چىققان، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان نۇرغۇن كىشىگە ياردەم بەرگەن. 2020 - يىلىنىڭ بېشىدا، تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، لاچىن بايەكە تىزناپ كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

«كەنتتە كىچىك ئىش يوق.» ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، لاچىن بايەكە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەربىر كىچىك ئىشىنى «چوڭ ئىش» دەپ بىلىپ، خىزمەتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلىدى — ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى بىيىتىش ئۈچۈن، ئۇ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر چارۋىچىلارنى تەشكىللەپ مەدەنىيەت پونكىتى قۇردى؛ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇ بۇزۇلغان ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە چۈشۈپ مۇز پارچىلىرىنى چېقىپ، ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆستەڭ ۋە چۈشۈرگە قاپقىسىنى رېمونت قىلدى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئۇ چېگرا قوغدىغۇچىلارنى باشلاپ 20 نەچچە كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى مىڭغا يېقىن تۆمۈر قوزۇقنى قارلىق تاغقا ئېلىپ چىقتى...

«سەممىي، ساپ قەلبى بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق، بەخت دەپ بىلىدۇ، مانا بۇ لاچىن بايەكە.» مەفتۇل كەنجە ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: بىزنىڭ ئاشۇنداق بىر دوستىمىز بولغان، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئاشۇنداق بىر ياخشى كادىرى بولغان، كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن مەڭگۈ پەخىرلىنىمىز.

---

□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا قارا چاپلاشقا يول قويمايمىز

□قاراماي شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى مۇتەللىپ كېرەم

يېقىندا، پومپېئو جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلدى، بۇ بىمەنە سەپسەتىلەر پومپېئونىڭ ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان، يالغان - ياۋىداق سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن ئەسلىي ئەپت - بەشىرىسىنى ئۆزلۈك - كېسەل ئاشكارىلىدى.

مەن يېزىدا تۇغۇلغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتىشتۈرۈشىدە، يېزىدىن چىقىپ ھەم تەدرىجىي ھالدا بىر رەھبىرىي كادىر بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم. مېنىڭ بالام يەسلى، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىن داشۆگىچە ئىزچىل ياخشى تەربىيە ئالدى، ھازىر مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئائىلىمىزدىكىلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئائىلىسىگە ئوخشاش، پارتىيەنىڭ ئىللىق نۇرىدا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز.

جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قان قېرىنداش ئائىلە ئەزالىرى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى باشتىن - ئاخىر جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. قارامايدا ھەر مىللەت ئامما مەيدان، مەھەللە پائالىيەت ئۆيى، سەھنىلەردە ئەركىن - ئازادە ئۇسسۇل ئويناپ، يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى مەدھىيەلەيدۇ، بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى مەدھىيەلەيدۇ. بۇ يەردە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئىشلەمچى خادىملارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق بالىلارنىڭ ھەممىسى ئەلا سۈپەتلىك، ئادىل مائارىپ بايلىقىدىن بەھرىمەن بولماقتا.

شىنجاڭ قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىيات مىسلىسىز، ھەر مىللەت ئامما كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولدى، ھەر مىللەت ئامما چىن قەلبىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ، ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.

پومپېئو بەزى ئالدامچىلارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرى ۋە ئويۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، كۆز بويامچىلىق قىلىش، يامان غەرەزدە كۆپتۈرۈشكە ئۇرۇندى، «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇندى. پومپېئونىڭ رەزىل غەرىزى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئالدىنىپ قالمايدۇ، بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا پومپېئونىڭ قارا چاپلىشىغا يول قويمايمىز!

# شىنجاڭغا قارا چاپلايدىغان ھەرقانداق سۈيىقەست مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ

□قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇرسۇنجان مۇختەر

يېقىندا، پومپېئو، جېڭ گوئېن شىنجاڭغا ئالاقىدار سەپسەتە ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئوبرازىغا قارا چاپلىدى، ئۇلار پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى، ھەق - ناھەقنى ئايرىمىدى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى. مەن بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىمەن، قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

مەن ئاتۇش شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئېسىمدە قېلىشىچە، 40 يىل ئىلگىرىكى ئاتۇش شەھىرى نامرات، قالاق ئىدى، كۆپچىلىك كېسەك ئۆيدە ئولتۇراتتى، نۇرغۇن بالىلار تاغنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ھازىر، پارتىيەنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى مائارىپ سېلىنمىسىنى ئومۇميۈزلۈك زورايتىپ، ھەربىر بالىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ياخشى ئوقۇيالايدىغان بولۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى. يەنە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان قاتناش تورىغا، رەتلىك، بىرتۇتاش پىلانلانغان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىغا، پورتلاردا ئۆچرەتتە تۇرۇپ تاموژنىدىن ئۆتۈۋاتقان ئاپتوموبىللارغا، گۈزەل شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىگە نەزەر سالساق، ئېگىزلىكتىكى چارۋىچىلىق مەيدانىدىن تۈزلەڭلىكتىكى دېھقان ئائىلىلىرىدىچە، يېزا - كەنتلەردىن شەھەر - بازارلارغىچە، باغچە رايونلىرىدىن پورتلارغىچە ھەممە جايدا گۈللەپ ياشنىغان، كۈندىن - كۈنگە ئاۋاتلاشقان خۇشاللىنارلىق مەنزىرىنى كۆرىمىز، شەھەر - يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز قۇياش نۇرىغا تولدى، ئىللىقلىققا تولدى، ھەربىر كىشىنىڭ چىرايىدە تولۇپ - تاشقان بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى مەجبۇرىيەت مائارىپىدا ئوقۇشتىن قېلىشنى تىزگىنلەش، ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، پارتىيەنىڭ مائارىپ ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن «ياردەم بېرىشكە تېگىشلىكلەرگە تولۇق ياردەم بېرىش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى، مەجبۇرىيەت مائارىپىدا كاپالەت بولۇش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يېزىلاردىكى ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەنلەر ئۈچ يىللىق ھەقسىز مائارىپى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 99.88%كە يەتتى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100%كە يەتتى، مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى 100%كە يەتتى. مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ئۈنۈملۈك ياخشىلاندى، ئوقۇتۇش ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى ۋە مائارىپنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش جابدۇقلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، «ھەممە سىنىپلارغا يەتكۈزۈش»نىڭ قاپلاش نىسبىتى، مەكتەپلەردە 100 مېگابايتلىق كەڭ بەلباغنىڭ ئۇلىنىش نىسبىتى 100%كە يەتتى.

ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مېنى تەربىيەلىگەنلىكى ۋە ماڭا غەمخورلۇق قىلغانلىقىدىن چەكسىز مىننەتدارمەن. تەشكىلنىڭ تاللاپ ئەۋەتىشى بىلەن، مەن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىغا ئۆگىنىش، ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا بېرىپ، ياخشى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزۈمنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرگەنىدىم. ھازىر، مەن جياڭشى ئۆلكىسىدە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىۋاتىمەن، ئىچكىرى رايونلاردىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئىلغار مائارىپ، ئوقۇتۇش ئىدىيەسىنى ئۆگىنىۋاتىمەن، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم، مەن باشقا يۇرتلاردىمۇ ئائىلەمگە ئوخشاش ئىللىقلىقنى ھېس قىلدىم.

ھازىر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، جەمئىيەت مۇقىم بولغان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت نامايان بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئاممىنىڭ بەخت تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. ھالبۇكى، پومپېئو، جېڭ گوئېن شىنجاڭنىڭ مۇقىم بولغان، تەرەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن، باياشاتلىققا چۆمگەنلىكىنى كۆرۈشنى خالىماي، چۆپرەندىلەرچە ئويۇن ئويىنىدى، ئۇسۇلى قەبىھ، غەرىزى رەزىل بولدى. شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىناقلىقى، خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقى، خۇشال - خۇرام ئىشلەۋاتقانلىقى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش، جۇڭگو خەلقىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشتەك ھەرقانداق سۈيىقەست مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ.

# يالغان - ياۋىداق سۆز كىشىلەرنى ئالدىيالمايدۇ

□ماناس ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئابلەت ياسىن

پومپېئو، جېڭ گوئېن قالايمىقان جۆيلۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بوھتان چاپلاپ، شىنجاڭغا خالىغانچە قارا چاپلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش رەزىل غەرىزى تولۇق ئاشكارىلاندى. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىمەن ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلەيمەن!

مەن پارتىيەلىك ئۇيغۇر كادىر، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلىرىنى باشتىن كەچۈرگۈچى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقۇچى. كىچىكىمىزدىن باشلاپ مەن ۋە تۇت ئاچام پارتىيەنىڭ ئىللىق نۇرىدا، مائارىپ، داۋالىنىش قاتارلىق خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان نۇرغۇن سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولدۇق، ھازىر ئاچا - ئىنى بەشەيلەننىڭ مۇقىم خىزمىتىمىز ۋە بەختلىك ئائىلىمىز بار.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى ئىناق، مۇقىم بولدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت ساغلام تەرەققىي قىلدى، ئۇل ئەسلىھەلەر كۈندىن - كۈنگە يېڭىلاندى، جەمئىيەت ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ماناس ناھىيەسى مىنما ئېكولوگىيە كەنتى، خۇاڭتەيزى كەنتى، بېيمۇفاڭزى كەنتى قاتارلىق بىر تۈركۈم چارۋىچىلار ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتكۈزدى، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتى تۈپتىن ياخشىلىنىپ، بەخت كۆرسەتكۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ھەممىسى پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولغان، پۈتۈن ناھىيەدىكى 32 مىللەتنىڭ ئۆزئارا ھەمدەم بولغانلىقىدىن، ئىتتىپاق، دوستانە ئۆتكەنلىكىدىن بولغان.

ئۇزاقتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. نان شىنجاڭنىڭ خاس ئاساسلىق يېمەكلىكى، ئاپتونوم رايون نان كەسپىنى نۇقتىلىق يېتىلدۈرۈلىدىغان كەسپ سۈپىتىدە بەرپا قىلىدۇ، بۇ، مىللىي ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، مىللىي مەدەنىيەتنى ھۆرمەت قىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. ماناس ناھىيەسىمۇ نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچە رايونى قۇردى، ئۇ ھازىر ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان، مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندى. بىر نۇقتىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق پۈتۈن قىياپەتنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ، بۇ، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، پومپېئو، جېڭ گوئېننىڭ كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەپ، پاكىتقا پىسەنت قىلماسلىقى ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك.

پومپېئو، جېڭ گوئېننىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى ھامان يالغان - ياۋىداق سۆز، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، كىشىلەرنى ئالدىيالمايدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپت - بەشىرىسى ۋە رەزىل غەرىزىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. بىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئۇلارنىڭ قالايمىقان پىتنە - ئىغۋا پەيدا قىلىشىغا يول قويمايدۇ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك رەزىل قىلمىشى مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

# قەتئىي، كەسكىن تۇردە پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمەن

□بۇگۇر ناھىيەسى ئەشمە يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقى مەمەت مامۇت

شىنجاڭدىن «قۇسۇر چىقىرىش»، شىنجاڭغا «قالپاق كىيدۈرۈش» پومپېئونىڭ ئادەتلەنگەن ھىيلە - نەيرىڭى. ئۇنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە نۇرغۇن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۆزلەرنى تارقىتىشتىكى مەقسىتى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش، خەلقئارا ئاممىۋى پىكىرنى خاتا يۆنىلىشكە يېتەكلەپ، جۇڭگونىڭ ئوبرازىغا قارا چاپلاشتىن ئىبارەت. شىنجاڭنىڭ مۇقىم بولغان، تەرەققىي قىلغانلىقىدەك پاكىت ئالدىدا، پومپېئو تارقاتقان يالغان - ياۋىداق سۆزلەر جەزمەن ئۆزلۈكىدىن بىتچىت بولىدۇ.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ياخشى سىياسىتى ئاز سانلىق مىللەت بالىلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن 2000 - يىلىدىن باشلاپ ئىچكىرى رايونلاردىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان بىر قىسىم شەھەرلەردە ئىچكىرى رايون شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. مەن ئىچكىرى رايون شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى سىياسىتىدىن تۇنجى تۈركۈمدە مەنپەئەتلەنگۈچىلەرنىڭ بىرى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا بېيجىڭغا بېرىپ پۈتۈنلەي ھەقسىز بولغان ئەلا سۈپەتلىك مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇپ، بىلىم ئۆگىنىپ، نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتىپ، بىر يېزا بالىسىدىن داشۆ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندىم. ئىچكىرى رايون شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ماڭا ئوخشاش مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان بالىلار ۋە ئائىلىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى، تۈركۈم - تۈركۈم شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئىچكىرى رايونلاردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، داشۆلەردە ئەلا سۈپەتلىك مائارىپنى قوبۇل قىلدى، نۇرغۇنلىرى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خىزمەت ئورنىغا چىقىپ، ۋەتەن قۇرۇلۇشىنىڭ تايانچلىرىغا ئايلاندى.

مەن ھازىر جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ نەنچاڭ شەھىرى چىڭيۈنپۇ رايونى چىڭيۈنپۇ بازىرىدا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىۋاتىمەن، بۇ ئورۇندىكى خىزمەتداشلىرىم خىزمىتىمنى ئىنتايىن قوللايدۇ، تۇرمۇشتا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ، مەن بۇ يەردە جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. نەنچاڭدا مەن نۇرغۇن شىنجاڭلىقنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلىگەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ ئوقۇۋاتقانلىقىنى، يەنە بەزىلىرىنىڭ سودا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

بۇگۇر ناھىيەسىنىڭ ئەشمە يېزىسى كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مىللەتلەر ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىدۇ، ئۆزئارا ياردەم بېرىدۇ، ئۆزئارا زوقلىنىدۇ، كۆپچىلىك ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشقان. بالىلار يېقىن ئەتراپتا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكنى تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ، ئۆي سالسا ئەمىن ئۆي ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ، ياشانغانلار ساناتورىيەسى ياشانغانلارنى ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. يۇرتداشلار باغ - ئورمانچىلىق، باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆزى ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ياخشى تۇرمۇش كەچۈرمەكتە، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، كۆپچىلىكنىڭ يانچۇقى تومپىيىپ، روھى كۆتۈرۈلدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى ھەر مىللەت ئامما قەلبىنىڭ مايىللىقى، پومپېئونىڭ بىمەنە سەپسەتىلىرى بىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان قەتئىي ئىرادىمىزنى تەۋرىتەلمەيدۇ! بىز ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەتئىي، كەسكىن تۇردە پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئېتىقادىمىز ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم.